# رامزاننىڭ كۈندۈزىدە قان ئالدۇرۇش روزىنى سۇندۇرامدۇ؟

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]


سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2014 - 1435

IslamHouse.com

# سحب الدم هل يبطل الصيام ؟

« باللغة الأويغورية »

اللجنة الدائمة للبحوث العلمية والإفتاء والدعوة والإرشاد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2014 - 1435

IslamHouse.com

# رامىزاننىڭ كۈندۈزىدە قان ئالدۇرۇش روزىنى سۇندۇرامدۇ؟

37780-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

رامىزاننىڭ كۈندۈزىدە ئۇكۇل يېڭىنسى ئارقىلىق ئىنسان بەدىنىدىن قان ئالسا روزا بۇزۇلامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالللاھ تائالاغا خاستۇر.

ئۇكۇل يېڭىنسى ئارقىلىق ئېلىنغان قان ئاز مىقداردا بولسا، ئۇ كۈندىكى روزىنى قايتا تۇتۇش كېرەك بولمايدۇ. ئەمما ئېلىنغان قان كۆپ بولسا، ئىختىلاپتىن ساقلىنىش ۋە ئېھتىيات يۈزىسىدىن شۇ كۈنلۈك روزىنى قايتا ئادا قىلىش كېرەك بولىدۇ. [سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى (263\10)].

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇلللاھدىن قان تەكشۈرتۈش ئۈچۈن رامىزاننىڭ كۈندۈزىدە قان ئالدۇرسا بولامدۇ؟ دەپ

سورىغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "قان تەكشۈرتۈش ئۈچۈن ئېلىنغان قان روزىنى بۇزمايدۇ بەلكى بۇنىڭدىن ئەپۇ قىلىنىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋال پاك شەرىئەتتە روزىنى بۇزىدىغان ئامىللاردىن بولماستىن، بەلكى ئىنسانىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈندۇر. ["ئىسلام پەتىۋالىرى"2-توم 133-بەت].

شەيخ ئىبنى جىبرىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزى روزا تۇتقۇچى بىرەرسىگە كۆپرەك قان ئىئانە قىلسا، ھىجامە قىلدۇرغانلىقىقا قىياس قىلىش بىلەن ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ بىرەر كېسەلنى قۇتقۇزۇپ قىلىش ئۈچۈن ياكى جىددى قان كېرەك بولغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن تومۇردىن ئېلىنغان قاندىن ئىبارەتتۇر. ئەمما قان تەكشۈرۈتۈش ئۈچۈن يىڭنە بىلەن ئاز مىقداردا قان ئالدۇرغان بولسا روزا بۇزۇلمايدۇ". ["ئىسلام پەتىۋالىرى"2-توم 133-بەت.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.